# بۈگۈن روزا تۇتمىغۇچىلارمۇ ساۋابقا ئېرىشتى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر سەپەرگە چىقتۇق، ئىچىمىزدىن روزا تۇتقۇچىلارمۇ بولدى، تۇتمىغۇچىلارمۇ بولدى، قاتتىق ئىسسىق بولغان بىر كۈن ئىدى، بىر ئورۇنغا دەم ئېلىش ئۈچۈن چۈشتۇق، ئارىمىزدىن بەزىلەر قوللىرى بىلەن ۋە بەزىلىرى كىيىملىرى بىلەن ئاپتاپنى توساتتى، روزا تۇتقۇچىلار ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىقتىن ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتتى، ئۇلار ھالىدىن كەتتى، روزا تۇتمىغانلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، چېدىرلارنى تىكىپ بەردى، ۋە تۆگىلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى. رەسۇلۇللاھ: بۈگۈن روزا تۇتمىغۇچىلارمۇ ساۋاپ-ئەجرىگە ئېرىشتى، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپەرگە چىققان ئىدى. بەزىلەر روزا تۇتقان، يەنە بەزىلەر روزا تۇتمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەر ئىككىلىسىنىڭ قىلغانلىرىنى توغرا ساندى. ئۇلار ئىسسىق تومۇزنىڭ كۈن تىكلەشكەن ۋاقىتلىرىدىن بىرىدە دەم ئېلىش ئۈچۈن كارۋاننى توختاتتى. روزا تۇتقۇچىلار ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىقتىن ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتتى، ئۇلار ھالىدىن كەتتى، روزا تۇتمىغانلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، چېدىرلارنى تىكىپ بەردى، ۋە تۆگىلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قوشۇنغا ۋە قېرىنداشلىرىغا قىلغان بۇ ئىش-ھەركەتلىرىنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ: بۈگۈن روزا تۇتمىغۇچىلارمۇ ساۋاپ-ئەجرىگە ئېرىشتى، دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4439

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee